ئەسلى ئاپتورى

يۈسۈپ خاس هاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

15
1247.5
76

ئەسلى ئاپتورى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك

(پەلسەپىۋى رومان)

رومانلاشتۇرغۇچى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆسەيىنجان ئەسقەرى

«قۇتادغۇبىلىك»

ئەسلى ئاپتورى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ
رومانلاشتۇرغۇچى: يارمۇھەممەت تايىر تۇغلۇق

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 13
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000

ISBN 7 — 5631 — 1253 — 7/I・211
باھاسى: 22.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

福乐知慧：哲理小说／玉苏甫·哈斯·哈吉甫著；亚尔·买买提·塔依尔改编. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2000. 12
ISBN 7 — 5631 — 1298 — 7

Ⅰ. 福… Ⅱ. ①玉… ②亚… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. 1247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 81333 号

审　　订：阿不都克力木·热合曼
责任编辑：伊不拉音·哈木都拉
责任校对：玉山江·艾斯卡尔
封面设计：艾克拜尔·萨力

《福乐知慧》
亚尔·买买提·塔依尔·吐格勒克　改编

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　13 印张
2000 年 12 月第 1 版　2000 年 12 月第 1 次印刷
印数：0001—5000

ISBN 7 — 5631 — 1298 — 7/I·211
定价：22.00 元

# كىرىش سۆز

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە پەلسەپۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 930 يىل بولدى. ئەسەرنىڭ 11-ئەسىردە ئىلىم دۇنياسىغا كەلگەنلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىغا قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى بولغان ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىدىكى تەڭداشسىز ئىستىدات ۋە مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنتىلىشلىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار ئۇتۇقلىرىنى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش يولىغا يېڭى مەشئەل ياققان ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى ئىرادە قانداق ماھىيەتتە بولغان بولسا، ئۇنى شۇنداق تەبىئەتتە قايتىدىن تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىكنى، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسلىكنى ئۆلچەيدىغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي دەرىجە ئۆلچىمىگە قارشى ھالدا ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئەقىل-پاراسەتكە ۋە ئىلىم-پەزىلەتكە قاراپ ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئىلغار پەلسەپۋى ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مانا شۇنداق ئۆلچەم ئاساسىدا غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى جانلىق ھەم جەلپكار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئىلغار پەلسەپۋى ئىدىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىغۇچىلىرى ئىدى. ئەسەردىكى بىرىنچى شەخس غايىۋى دۆلەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان قۇياش خىسلەتلىك شاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ. ئۇ ئالدى بىلەن قانۇن ۋە ئادالەت، يەنە بىر تەرەپتىن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان، باي، كەمبەغەل، پادىشاھ، پۇقرا دەپ ئايرىلمىغان ئادالەتلىك دۆلەتنىڭ خەلقپەرۋەر خاقانى، قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىسى. ئۇ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ئەلنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ئەتراپىغا قابىلىيەتلىك ئىقتىدار ئىگىلىرىنى يىغىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىدۇ. ئۇنىڭ شوئارى: ئەلدە توغرا، ئادالەتلىك قانۇن ئورنىتىش، ھۆكۈم ۋاقتىدا قۇل ۋە بەگ دەپ ئايرىماسلىق، تۇغقىنى بىلەن ئاددىي پۇقرالارغا ئوخشاش كۆزدە قاراش، ھەرگىز ئارىسالدى بولماسلىق ۋە تەۋرەنمەسلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەل قوللايدۇ، ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىشتەك يارامىلىق ياردەمچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قول-قانات بولىدۇ. نەتىجىدە بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ، پاراۋان دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەخت-سائادەت بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، بەخت-سائادەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خاراكتېرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا ئايتولدى ئوبرازىغا مۇجەسسەم قىلىپ، ئابستراكت بەخت ئۇقۇمىنى كونكرېت ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەقىل-پاراسەت ئىنسان قەدىر-قىممىتىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى، ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىلنى ئۆگدۈلمىش ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق غايىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەم مەنىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق مەسىلىسى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر

زىددىيىتىدە ئۇدغۇرمىش ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھاياتلىق ئالىمىنىڭ خاسىيىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە پۇرسىتىنى قايتىدىن تونۇتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى يادرولۇق تۆت ئوبراز ئابستراكتلىق بىلەن كونكرېتلىقنىڭ يۇغۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن، رېئال جەمئىيەتنىڭ سەلبىي قورغىنىغا جەڭ ئېلان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ نۇرانە جۇلاسىنى ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ رېئاللاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئادالەت ساھىبى بولۇپ ئەلنى يېتەكلەيدۇ، يەنە بىرى بەخت ئەلچىسى بولۇپ ئەلنى كۈلدۈرىدۇ. بىرى ئىلىم-ھېكمەت خەزىنىسىدىن گۆھەرلەر قازسا، يەنە بىرى ئەقىل-پاراسەت دۇلدۇلىغا مىندۈرۈپ ئىدراك دۇنياسىنى سەير قىلدۇرىدۇ. ئۇلار بىزنى شاھنىڭ ياسىداق ئوردىلىرىدىن تارتىپ سەھرادىكى دېھقان كەپىلىرىگىچە، شەھەرلەردىكى تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپ ساھەسىدىكى پۇقرالاردىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا مەدەنىيەت ئەلچىسىلىك رولىنى ئويناۋاتقان سودا كارۋانلىرىغىچە ئۇچراشتۇرىدۇ. ئەسەردە ھەر بىر پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار شۇنچە قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ خاقان ۋە ۋەزىرلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىز بىلەن ئەڭ يېقىن دوست، ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە سەمىمىي سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇلار بىز تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇشكۇل ۋە مۇھىم مەسىلىلەرگە دانىشمەنلەرچە جاۋاب بېرىپ، بىزگە يول باشلايدۇ. ئۇلار ئاددىيسى بىزگە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرىنى، ئەدەپ-قائىدىلەردىن تارتىپ چۈش تەبىرىگىچە، توي قىلىشتىن تارتىپ يارامىلىق ئاتا-ئانا بولۇشقىچە بولغان تۇرمۇش يوللىرىنى ۋە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلار شۇنچە تەمكىن، پاراسەتلىك، كىچىك پېئىل ۋە خۇشخۇي.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ئارقىلىق، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئىنسان كامالىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك باسقۇچلىرىنى تونۇتىدۇ. ئالەم ئۆزگىرىشلىرى بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى ئورگانىك باغلايدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىلىرىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. تەركىدۇنيالىق بىلەن ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ئارقىلىق ماھىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ئەسەردىكى قىممەت تارازىسىغا چۈشكەن ئادەم ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىگە ئىنسان ئۆلچىمىدە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىش جەھەتتە ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مۆجىزە سۈپىتىدە مەدەنىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ كەڭرى تارقالغان. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئوردىلىرىدا، شاھلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى يېتەكچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇش رولىنى ئوينىغان، ھەتتا «بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋە باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر» دەپ ئۇلۇغلانغان ۋە ئەسەرنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئۆز ئەسىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك يالداما بولۇپ قېلىشىنى، ئەۋلادلارنى قولىدىن تۇتۇپ بەخت-سائادەت يولىغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلغان. شۇڭا ئۇ ئالىيجانابلىق بىلەن: «مەن بۇ ئەسەرنى نام-ئاتاق، شان-شۆھرەت تەمەسىدە يازمىدىم، تىلىكىم، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېگىشلىك سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇرۇش ئىدى. ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم،

بۇ نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم، ساڭا مەندىن ھەر قانچە ئالتۇن-كۈمۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. كۈمۈشنى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىشلەتسەڭ كۈمۈش قازىدۇ. كىشىدىن-كىشىگە مەڭگۈلۈك قالىدىغان مىراس سۆزدۇر، ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۈگىمەستۇر»، «مەن سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۇلۇڭنى پۇختىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن ئىش-ھەرىكىتىڭ ۋە يولۇڭنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇردۇم. ھەر قاچان يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن، بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ» دېگەن ئۈمىدىنى تەۋسىيە قىلغان.

جۇڭگودا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقات 80-يىللاردىن كېيىن باشلاندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1984-يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بويىچە مەخسۇس ئۈچ قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، بىر قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. نۇرغۇن ماقالىلەر، مەخسۇس تەتقىقات كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئەسەر كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىندى ۋە تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ شان-شۆھرىتى پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلدى. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇشبۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرى بولغان 21-ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ %95ى بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك ھايات بىلىملىرىدىن

مەنپەئەتسىز، ئەسەردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بەخت زوقىدىن بەھرىسىز قالدى. بىز بۇ پاجىئەنى ئىككى نۇقتىدىن تەھلىل قىلىمىز. بىرى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەسەردىن ياخشى بەھرە ئېلىشقا يار بەرمىدى؛ يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىمۇ نەزمىي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك كىتابخانلار ئۇنۇملۇك مەنپەئەت ۋە بەھرە ئالالمىدى.

يۇقىرىقى رېئال ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، مەندە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۈيۈك چوققىغا يامىشىپ، ئۇنى ئاممىباب شەكىلدە رومانلاشتۇرۇپ چىقىش ئىشتىياقى قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن نەسرىي تىل بىلەن ئەسەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي چوققىسىغا يامىشىش تولىمۇ مۈشكۈل ۋە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىدارىمنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك بۇ قىممەتلىك «گۆھەر» گە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بوۋامغا، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش دېگەن ئەندىشە بىلەن جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن باشقا يولنى تاللاپ، ئەسەرنى ئاممىباب شەكىلدە شەرھلەپ تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. نەتىجىدە، «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت»، «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» (3 قىسىم) قاتارلىق مەخسۇس شەرھىي كىتابلارنى ۋە خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن 15 يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. بۇ جەرياندا ئەسەرنىڭ ھەر بىر مىسراسى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناشتى. ھەر بىر باب ۋە ھەر بىر مىسرالاردا يورۇتۇلغان مەزمۇن مەن ئۈچۈن خېلىلا روشەن بولدى. قانائەتسىزلىكىم ماڭا يەنە مۇنداق تەۋسىيە قىلدى: «تېگىرقىما،

جۇرئەتلىك بول، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. ھەر قانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدۇ. شەرھىي كىتابلار ۋە ماقالىلەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، كىشىلەرگە ئەسەرنىڭ ئۆزىدەك كۈچلۈك تەسىر قىلالمايدۇ، قەلبىدە نازۇك ھېسلارنى ئويغىتالمايدۇ. شۇڭا، ئەڭ مۇھىمى ‹قۇتادغۇبىلىك› نى ئاممىباب شەكىلدە كىتابخانلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا سۇن. ئەنسىرىمىگىن، ئەگەر سەۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلسە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ كىتابخانلار ۋە سەممىي ئۇستازلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ۋە ياردىمىگە نائىل بولىسەن.»

شۇنداق قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاممىباب شەكىلدە نەسرلەشتۈرۈپ جەمئىيەتكە سۇندۇم. ئەسەرنى ئىشلەشتە ئىمكان بار ئەسلى مەزمۇنغا تولۇق سادىق بولۇشقا، شېئىرىي مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنى تولۇق ۋە روشەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نازۇك مەنىلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەشتە يولۇققان بەزى قىيىنچىلىقلارنى بىر قىسىم نوپۇزلۇق قورال كىتابلار ۋە نەزمىي، نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلىگەن ئۇستازلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلدىم.

ئەسەرنى ئىشلەشتە نەسرىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە كىتابخانلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتە تەكرارلىق ھېس قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىرئاز ئەركىنرەك يول تۇتۇشقا توغرا كەلدى.

بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باش قىسمىدىكى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى»، «تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى»، «بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى»، «ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى» دېگەن بابلارنىڭ مەزمۇنى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئىچىدىكى يۇقىرىقى تېمىلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس بابلار بىلەن يۇغۇرۇۋېتىلدى.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئىچكى قىسىمدىكى بەزى مەزمۇنلار ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ، پىكىرنىڭ لوگىكىلىق ئېھتىياجى ۋە مەزمۇن سىستېمىسىغا ئاساسەن گۇرۇپپىلاشتۇرۇلدى. ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەزمۇنلار (6351 ــ 6352-بېيىت ئارىلىقىدا تاشلىنىپ قالغان مەزمۇنلار، 6358 ــ 6359-بېيىت ئارىلىقىدىكى ۋە 6303 ــ 6304-بېيىت ئارىلىقىدىكى مەزمۇنلار) ئەسلى قول يازمىدا ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆچۈپ كەتكەچكە تاشلانغان. ئۇ مەزمۇنلار ئەسەردىكى ئودغۇرمىشقا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى ۋە كەينىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئازراق باغلانما مەزمۇنلار قوشۇلۇپ قىياسەن تولۇقلاندى. قالغان تەرەپلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئەينەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا قىسمەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا توغرا كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى قانچە باب، قانچە مىسرادىن قۇرۇلغانلىقى نامەلۇم، لېكىن تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق 84 باب، 6645 بېيىت ھالىتىدە نەشر قىلدۇرغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىدىمۇ يۇقىرىقى قۇرۇلما قوبۇل قىلىنغان. مەن ئەسەرنىڭ نەسرىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئەسەر قۇرۇلمىسىنى مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا 35 باب قىلىپ قۇردۇم.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» گەرچە داستان بولسىمۇ، نەسرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىكى تەلەپلەر ھازىرقى زامان رومان ژانىرىغا ياندىشىدىغانلىقى ئۈچۈن «رومان» دەپ ئاتالدى. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلارنىڭ تولۇق تاكامۇللاشتۇرۇلغانلىقى، جانلىق، ھەرىكەتچان، يېتەكلەش

خاراكتېرى كۈچلۈك بولغانلىقى، ئەسەرنىڭ مۇكەممەل سۈژىت قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلىنغانلىقى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كۆپ تەرەپتىن مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەسلىدىنلا رومان‌دا بولۇشقا تېگىشلىك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكنى تولۇق ھازىرلىغان. باشقا ئەدەبىي ئامىللار نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئەسەردىكى ئېپىك ئامىللار بىلەن لىرىك ئامىللارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، پېرسوناژ تىلى بىلەن ئاپتور تىلى روشەن پەرقلەندۈرۈلگەنلىكى، تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن پسىخىك تەسۋىرگە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىپ، ئۇنى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغانلىقى، زىددىيەت-توقۇنۇشلارنىڭ كەسكىن ۋە ئۆتكۈرلۈكى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى جىددىي توقۇنۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەسەرنىڭ راۋاجى، ئوبرازلارنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقىدەك بەدىئىي ئامىللار قوشۇلۇپ، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي دېتاللىرىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان. يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن قارىغاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرقى زامان رومانلىرىغا قويۇلىدىغان ئەدەبىي ئۆلچەمدىن يىراق ئەمەس، پەقەت تەپسىلاتلارنىڭ كونكرېتراق بولۇش تەلىپى جەھەتتىلا ھازىرقى زامان رومانلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇ تەرىپىمۇ بىرگە ئايانكى، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپى، مۇئەييەن شەخسنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئەمەس ياكى مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ئەمەس، ئەسەردە يادرولۇق ھالدا دۆلەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ناھايىتى تەپسىلىي ۋە كونكرېت بايان قىلىنغان. بۇ تېمىنى مەركەز قىلىپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن بولغان

باغلىنىشلىرى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئىنتىلىشلىرى، ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى، دۆلەتنىڭ خاراكتېرى، ئەمەلدارلارنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئەلنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا قويۇلىدىغان كونكرېت تەلەپ ۋە تەۋسىيەلەر، ھاياتلىق ھەم ماماتلىق مەسىلىلىرى، تۆت زات كۆزقارىشى، ئالەم بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئىنسان تەبىئىتى قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر، ئىدېئولوگىيىگە ياتىدىغان ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئېڭى، قىممەت ئېڭى، بەخت ئېڭى، دىنىي ئاڭ ۋە باشقا ئاڭ شەكىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كونكرېت ئوپېراتسىيە قىلىنىغان. ئەسەردىكى مۇنداق تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ھايات پەلسەپىسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەر كەسكىن مۇنازىرە-توقۇنۇشلار، سوئال-جاۋاب، دىئالوگ شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مۇھاكىمە قىلىنىغان. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئەسەرنىڭ ئىلمىي خاراكتېرىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇڭا، مۇئەييەنلىك ئۇچۇن «پەلسەپىۋى رومان» دەپ قوللىنىش مۇۋاپىق تېپىلدى.

تۆتىنچى، ئەسەرنىڭ بايان خاراكتېرى ئاساسەن خىتابىي شەكىلدە بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ تىلىدا يەنىلا «سەن»نى قوبۇل قىلىش مۇۋاپىق تېپىلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلار، ئەقىللىق كىتابخانلار، سىلەردىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، روماندا ئەسلى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشمىغان تەرەپلەر ۋە باشقا نۇقسانلار بايقالسا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆرمىتى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مۇندەرىجە

ئىسمى نامەلۇم ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئىلاۋىسى............ 1
ئايغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ............................................ 5
سۆز بېشى ...................................................... 16
بىرىنچى باب قۇياش خىسلەتلىك شاھ — كۈنتۇغدى ئىلىگ ................................................................ 22
ئىككىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنىغانلىقى ........................................ 26
ئۈچىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغانلىقى ................................ 36
تۆتىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........................ 44
بەشىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرىنى، سۆزنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى بايان قىلغانلىقى .............................................. 56
ئالتىنچى باب بەختنىڭ داۋامسىزلىقى، دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ........................................ 62
يەتتىنچى باب ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتى ........................................ 67
سەككىزىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى ........................................ 75
توققۇزىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ

خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ........ 83
ئونىنچى باب بەگلىككە مۇناسىپ بەگنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئەقىل
تارازىسىدا تارتىلغانلىقى ........ 106
ئون بىرىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت ۋەزىرى بولمىش
كىشىنىڭ ئۆلچىمىدە تون پىچقانلىقى ........ 122
ئون ئىككىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆز باشلار
ئەرنىڭ جاسارىتى ۋە ماھارىتىنى قەلەم تىلىدىن بايان
قىلغانلىقى ........ 128
ئون ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگ بىلەن خەلق
ئارىسىغا ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ پەزىلەت تۈۋرۈكىدىن ئالتۇن كۆۋرۈك
سالغانلىقى ........ 140
ئون تۆتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگنىڭ سوئال
ئىلمەكلىرىگە ئەلنىڭ ئامانلىقى، ئىلىگنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن
بىخەتەرلىك قوڭغۇرىقى ئاسقانلىقى ........ 146
ئون بەشىنچى باب خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى
ھەققى ئۈستىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ تىلىدىن روشەنلىك قۇياشىنى
تۇغدۇرغانلىقى ........ 173
ئون ئالتىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا نامە
يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ........ 188
ئون يەتتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا
دەۋەتكە بارغانلىقى ........ 194
ئون سەككىزىنچى باب ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ
مۇنازىرە زۇلپىقارىنى چىقىرىشقانلىقى ........ 197
ئون توققۇزىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە بۇ
دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........ 208
يىگىرمىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا
ۋاستىسى بىلەنمۇ ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىنلىكى ھەققىدە

ئېيتقانلىرى ........................................ 215
يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇدغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە نامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ........................................ 220
يىگىرمە ئىككىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشنى ئىككىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى ........................................ 231
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىشنىڭ مۇنازىرە لەشكەرلىرىنى ئىككىنچى قېتىم جەڭگە سالغانلىقى ........................................ 236
يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........................................ 240
يىگىرمە بەشىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................................ 247
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................................ 255
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋەت قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................................ 264
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ مېھمانغا بېرىش ۋە مېھمان چاقىرىش يوسۇنلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........................................ 271
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئۇدغۇرمىشنىڭ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، بارغا قانائەت قىلىش ھەققىدىكى بايانلىرى ........................................ 278
ئوتتۇزىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى ........................................ 292
ئوتتۇز بىرىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇدغۇرمىشنىڭ ئىلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ........................................ 298
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگكە ئەلنى ئىدارە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com